# پەرۋاز قىل، «پامىر بۈركۈتى»!

(بېشى 1 - بەتتە)

## تاغدىن ھالقىش: ئەتىۋارسىز قالغان تۆگە

«تۆك» تاجىك تىلىدا «جىلغا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، داتۆك يېزىسى تاشقورغاندىكى ئەڭ جاپالىق يېزا - بازارلارنىڭ بىرى بولۇپ، كۆلىمى 2200 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان تەۋەلىك رايوننىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاغ.

49 ياشلىق دۇر جارمان ئىلگىرى داتۆك يېزىسى ئاق تۆگە لەڭگەر كەنتىدە تۇراتتى، كەنت جىلغىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۆيلەر تاغ ئېتىكىگە سېلىنغان، تاغلار ئېگىز، يول تار بولۇپ، كۈنبويى قۇياشنى ئانچە كۆرگىلى بولمايتتى.

ئەينى چاغدا، تاغ ئارىسىدىكى نۇرغۇن جايدا ئاپتوموبىل قاتنىمىغاچقا، دۇر ھەر قېتىم سىرتقا چىققاندا، تاغ ئېشىپ، دەريا كېچەتتى. تاغ يولىنىلا ئەمەس يەنە چوڭ تور توكى ۋە خەۋەرلىشىش سىگنالىنىمۇ توسىۋالغانىدى. «يان تېلېفوننى خېلى بۇرۇنلا سېتىۋالغانىدىم، لېكىن تاغدا ئاساسەن سىگنال يوق، پەقەت ناھىيە بازىرىغا بارغاندىلا ئاندىن يان تېلېفوننى نورمال ئىشلەتكىلى بولىدۇ».

2012 - يىلى يازدا، قارا يامغۇر بىلەن قارلىق تاغدىن ئېرىپ چۈشكەن سۇ تاغدىن چىقىدىغان يولنى ئېقىتىپ كەتتى. دۇر ئائىلىسىنىڭ 50 نەچچە كۋادرات مېتىرلىق تاش - توپىلىق ئۆيىدىن يامغۇر قاتتىق ئۆتۈپ كەتتى، ھەتتا بەزى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە، ئۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ تۆگە بىلەن تاغقا كىرىپ - چىقىپ، كۆمۈر، يېمەكلىك ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالدى.

«تاغدا، تۆگە بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم قاتناش قورالىمىز» دېدى دۇر.

دۇر قۇياش نۇرى كەمچىل، سىگنال يوق كۈنلەرنى 47 يىل باشتىن كەچۈردى. 2018 - يىلى، يەرلىك ھۆكۈمەت جاپالىق، چەت، يىراق تاغلىق رايوندىكى ئاھالىلەرنى باشقا جايغا كۆچۈشكە ئىلھاملاندۇردى. دۇر بىرمەھەل ئىككىلىنىپ، ئاخىر يەنىلا كۆچۈشنى قارار قىلدى. «باللار ئەمدى بۇنداق كۈن كەچۈرسە بولمايدۇ!»

دۇرنىڭ يېڭى تۇرالغۇسى ناھىيە بازىرىغا 30 كىلومېتىرمۇ كەلمەيدىغان تاتكۆل نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش - ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا جايلاشقان. 80 كۋادرات مېتىرلىق ئىككى ياتاقلىق ئۆيگە كىرئالغۇ، گاز ئوچاق، ئىسسىنىش پار قازىنى ۋە بەنچاڭ قاتارلىقلار سەپلەنگەنىدى، ئۆينىڭ سىرتىدا يەنە ئۆلچەملىك قوتان ھەمدە تەخمىنەن ئىككى مو كېلىدىغان ھويلا بار ئىدى.

2019 - يىلى 6 - ئايدا، دۇرنىڭ ئائىلىسىدىكى بەش جاننىڭ ھەممىسى تاغدىن يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. كۆچكەندىن كېيىن، دۇر تۆگىسىنى ئىشلىتىپ باقمىدى.

تاغدىن چىققاندىن كېيىن نېمىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش كېرەك؟ بۇ نامرات ئاھالە دۇرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ چوڭ غېمى ئىدى. كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ چېگرا قوغدىغۇچىسى بولغاندىن باشقا، چوڭ ئوغلى ناھىيەدە ئامانلىق ساقلىغۇچى، ئىككىنچى ئوغلى كەنتتە ساقچى ياردەمچىسى بولدى، ئۈچىنچى ئوغلى كىچىك دۇكان ئاچتى، پۈتۈن ئائىلىنىڭ بىر يىللىق كىرىمى 100 مىڭ يۈەنگە يېقىنلىشىپ، شۇ يىلى نامرات ئائىلە قالپىقىنى ئېلىۋەتتى.

2017 - يىلدىن بۇيان، تاشقورغاندا جەمئىي 1500دىن ئارتۇق دېھقان - چارۋىچى ئائىلىسى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ئارقىلىق چوڭ تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىشقا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان جايغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى، خىزمەت قىلدى.

## تاغقا تايىنىش: يېڭى «رەڭلىك بۇلۇت ئائىلىسى»

ناھىيە بازىرىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى تاشقورغان يېزىسىدا ۋەرشىدى كەنتى بار. تاجىك تىلىدا «ۋەرشىدى» دېگەن سۆز «رەڭلىك بۇلۇت ئائىلىسى» دېگەن مەنىدە.

ۋەرشىدى كەنتى بۇنىڭدىن بۇرۇن ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەنتى ئىدى. 30 ياشلىق ماھنۇرگۈل ھېكىم ئادەتتە يەر تېرىش ۋە ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى، پۈتۈن ئائىلىنىڭ كىرىمى ئاساسەن ئېرىنىڭ مال بېقىشىغا قاراشلىق بولۇپ، بىر يىلدا تەخمىنەن 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەكلا كىرىم قىلاتتى.

2015 - يىلى، كەنتكە بىر كىلومېتىر كەلمەيدىغان جايدا پامىر ساياھەت رايونى ساياھەتچىلەر مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلدى. ماھنۇرگۈل ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىش بولدى.

كەنت داڭلىق ئارال ئالتۇن سازلىقى، تاشقورغان خارابىسى قاتارلىق مەنزىرە رايونلىرىغا ناھايىتى يېقىن ئىدى، ماھنۇرگۈل كىچىكىدىن تارتىپ كۆرۈپ كۆزىگە سىڭىپ قالغان جاي تور دا ئالقىشلانغان جايغا ئايلاندى، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى تاجىك مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى «لەڭگەر» ئۆيىگىمۇ قىزىققان ساياھەتچىلەر پات - پات مېھمان بولۇپ كېلىدىغان بولدى. بۇلاردىن ئۇ ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىزچىل بىر «ئالتۇن تاغ»نى ساقلاپ ياتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

2016 - يىلى، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە قوللىشىدا، ماھنۇرگۈلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۆيىنى پۇقراۋى قونالغۇغا ئۆزگەرتتى. كونا ئۆينىڭ يېنىغا ئۆزلىرى تۇردىغان يېڭى ئۆي ۋە ئۆلچەملىك پۇقراۋى قونالغۇ سالدى. كونا ئۆي تاجىك مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىدىغان تۇرالغۇ مۇزېيىغا ئايلاندى. ياتاق، تاماق بىلەن تەمىنلىگەندىن باشقا، ئۇلار يەنە تاجىكلارنىڭ بۈركۈت ئۇسسۇلىنى ئويناپ بېرىدۇ، مىللىي قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ساتىدۇ.

بىر قاتار ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ۋەرشىدى كەنتى «رەڭدار بۇلۇت ئائىلىسى» مىللىي ئۆرپ - ئادەت كەنتىگە ئايلاندى. پۇقراۋى قونالغۇ تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن، ساياھەتچىلەر كۆپ بولغاچقا، ماھنۇرگۈل ئېرى بىلەن بىللە پۇقراۋى قونالغۇدا پۈتۈنلەي مېھمان كۈتۈش بىلەنلا شۇغۇللاندى. بۇلتۇر دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە، ئۇلار ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر ئاخشامدا 22 مېھماننى كۈتۈۋالدى، شۇ يىللىق كىرىمى 150 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. بۇ يىلنىڭ بېشىدا، ئۇنىڭ ئائىلىسى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان ئاپتوموبىل سېتىۋالدى. «بۇ مەن نەچچە يىلدىن بۇيان ئەڭ خۇشال بولغان ئىش».

يېڭى تېپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىدە، بۇ يىل تاشقورغاندا ساياھەتچىلەر ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئازايدى، لېكىن ماھنۇرگۈل بۇنىڭ پەقەت «قىسقىغىنا زىمىستان» ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

بۇ يىل 4 - ئايدا، ماھنۇرگۈل يەرلىك ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى بويىچە تەربىيەلەشكە قاتنىشىپ، شىنجاڭنىڭ 30 نەچچە خىل يەرلىك قورۇمىسىنى تەييارلاشنى ئۆگەندى. ئائىلىسىدىكىلەر كېيىنكى كۈنلەردە ساياھەتچىلەرگە تاجىك مىللىتىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەينەن ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، كونا ئۆيىنى مۇستەھكەملىۋاتىدۇ. ھويلىسىغا يەنە شوجۇ ۋە ماكا تېرىدى، ساياھەتچىلەر پۇقراۋى قونالغۇدا تاشقورغاننىڭ يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاسىتە سېتىۋالالايدۇ.

«تاشقورغان - يەكەن تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى، جۇڭگو - پاكىستان دوستلۇق تاشيولى كېڭەيتىلىپ، تاشقورغان ئايرودرومى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە كېلىدىغان ساياھەتچىلەر تېخىمۇ كۆپىيىدۇ» دېدى ماھنۇرگۈل.

2019 - يىلى، تاشقورغان دۆلەت 5A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى بولۇپ باھالاندى، پۈتۈن بىر يىلدا ساياھەت قىلغۇچىلار 1 مىليون 120 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېقىنلىشىپ، ساياھەت كىرىمى 1 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن بىردەك 40% ئاشتى. پۈتۈن رايون ساياھەتنى تېز سۈرئەتتە ئالغا سىلجىتىلىۋاتىدۇ، پۇقراۋى قونالغۇ، مېھمانساراي، ئاشخانا ۋە يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى دۇكانلىرىنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

## تاغنى قوغداش: چېگرانى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى پاكىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستاندىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت بىلەن چېگرالىنىدىغان بولۇپ، جۇڭگودىكى قۇرۇقلۇق چېگرا لىنىيەسى ئەڭ ئۇزۇن ناھىيەلەرنىڭ بىرى. زېمىننى مۇھاپىزەت قىلىپ چېگرانى قوغداش تاشقورغان ئاھالىلىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن بۇرچ.

37 ياشلىق چىراق مەمەرىبەمىنىڭ ئۆيى دەفتەر يېزىسىنىڭ راسكام كەنتىدە بولۇپ، بىر ئائىلىدىكى ئۈچ ئەۋلاد چېگرا قوغدىغان. چىراق باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، دادىسى دائىم ئۇنى چېگرا چارلاشقا ئاپىرىپ، ئاشۇ جايلارنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا: «ئايىغىڭ ئاستىدىكىسى جۇڭگو، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ زېمىننى ياخشى مۇھاپىزەت قىل» دەيتتى.

تاشقورغاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ھاكىم گۈلزار ئابراخمان كىچىكىدىنلا راسكام كەنتىنى بىلەتتى: «بىرىنچىدىن ئۇ جاي چەت، ئىككىنچىدىن ئۇ جاي مۇھىم (چېگرا بويىدىكى كەنت)».

چىراقنىڭ بوۋىسى بىلەن دادىسى چېگرا قوغدىغان يىللاردا، ئۇلار تۆگە قاتارلىق چارۋىلارغا مىنىپ چارلايتتى، قورسىقى ئاچسا قۇرۇق نان يەيتتى، ئۇسسىسا قار سۈيى ئىچەتتى، چېگرا چارلاش ياردەم پۇلىمۇ ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. «ئۇ چاغلاردا دادامنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى بىر جۈپ ئۆپرىمايدىغان ئايىغى بولۇش ئىدى» دېدى چىراق.

مۇشۇنداق چېگرا قوغداش تۇرمۇشىنى چىراقمۇ ئون نەچچە يىل داۋاملاشتۇردى. كېيىن تاغقا كىرىپ - چىقىدىغان يول ياسالدى، چېگرا قوغدىغۇچىلارنىڭ ئايلىق ياردەم تولۇقلىمىسىمۇ ئاز - تولا كۆپەيدى.

2017 - يىلى، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىدا، راسكام كەنتى تاغ ئارىسىدىكى چۆللۈكتە قىزىل كاھىشلىق، سېرىق تاملىق ئىككى رەت يېڭى ئۆي سالدى. كەنتتىكى 141 ئائىلىلىك تارقاق تاغ جىلغىلىرىدىن يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرىپ، سۇ، توك، تور بولغان قولايلىق تۇرمۇش كەچۈردى. شۇ يىلى شىنجاڭ ئېگىزلىك مۇھاپىزەت رايونىدىكى چېگرا قوغدىغۇچىلىرىغا موتوسىكلىت سەپلەپ بەردى، ئايلىق ياردەم تولۇقلىمىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى، چېگرا چارلاش يولىدا تاماق، ياتاق تەمىناتى تولۇق بولغان ۋەزىپە ئىجرا قىلىش خىزمەت پونكىتى قۇردى، بۇ يىل يېقىن ئەتراپمۇ خەۋەرلىشىش سىگنالى بىلەن قاپلىنىدۇ. «ۋاقتى كەلگەندە چېگرا چارلاش مەزگىلىدە ئۆيدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشەلمەسلىكتىن ئەنسىرىمىسەكمۇ بولىدۇ» دېدى چىراق.

2018 - يىلى، ئەر - خوتۇن ئىككىلىسى چېگرا قوغدىغۇچى بولغان چىراق ئائىلىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. چېگرانى قوغداش خىزمىتى يەنىلا شۇنداق مۇقەددەس، لېكىن ئىلگىرىكىدەك جاپالىق ئەمەس. چىراقنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چوڭ قىزى كەلگۈسىدە ئەسكەر بولۇپ، دادىسىنىڭ چېگرانى قوغداپ زېمىننى مۇھاپىزەت قىلىش ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئويلىدى.

چېگرانى قوغدىغاندىن سىرت، چىراق يېڭى كەنتكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن بوز يەر ئېچىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. چۆل - باياۋاننىڭ ھەممىلا يېرى تاشلىق بولغاچقا، كەنت ئاھالىلىرى يېقىن ئەتراپتىن توپا ئەكېلىپ، چۆل - باياۋاندىكى تۇپراقنى ياخشىلاپ، بۇغداي، يالغاچ ئارپا ۋە كۆك پۇرچاق قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىدى، تەخمىنەن 80 مىڭ تۈپ تېرەك، ئېگىزلىك سۆگىتى، ئالما دەرىخى، ئۆرۈك دەرىخى ھەرقايسى ئائىلىلەرنىڭ ئېتىزلىرىنىڭ ئەتراپىنى ئورىدى، يېڭى يوپۇرماقلار بىخ سۈردى، پۈتكۈل كەنت ھاياتىي كۈچكە تولدى.

«ئون يىلدىن كېيىن، بۇ چۆل - باياۋان بوستانلىققا ئايلىنىدۇ. شۇ چاغدا، تاغ جىلغىسىدىكى ئوكسىگېننىڭ مىقدارى ئېشىپ، شامال پەسىيىدۇ. بىز تاغنى قوغدىساق، تاغمۇ بىزنى قوغدايدۇ» دېدى چىراق.

«راسكام» تاجىك تىلىدا «كان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، كەنتنىڭ ئەتراپىدىكى تاغ جىلغىسىدا ئىلگىرى نۇرغۇن كان بار ئىدى. ئېكولوگىيەنى ئاسراشنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، يەرلىك 2018 - يىلىلا بارلىق كانلارنى تاقىدى ھەم قېزىش ئەسلىھەلىرىنى چۇۋۇپ تاشلىدى.

مۇھىم چېگرا ناھىيە ۋە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشى ۋە ئېكولوگىيە يولىدا مېڭىشى يەرلىك ئاھالىلەرگە يېتەرلىك ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. تاشقورغاندا 8000غا يېقىن چېگرا قوغدىغۇچى، ئورمان مۇھاپىزەتچىسى ۋە ئوتلاق مۇھاپىزەتچىسى بار.

«بۇ يەردە ئۇلارنىڭ قوغدايدىغىنى تاغلا ئەمەس، بەلكى ئائىلە بىلەن دۆلەت» دېدى گۈلزار.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 - ئاينىڭ 22 - كۈندىكى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

# ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش غەرىزى ئەمەلگە ئاشمايدۇ

—— نېگىرىيە ئابۇجا داشۆسىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت مۇتەخەسسىسى غالىنى زىيارەت

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى گو جۈن

نېگىرىيە ئابۇجا داشۆسىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت مۇتەخەسسىسى شېرىف غالى يېقىندا ئابۇجادا شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق بىلدۈردى: «شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشى ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز، ئۇنىڭ ھەقىقىي غەرىزى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش».

ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش «2020 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىغا قارىتا، غالى مۇنداق دېدى: شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە ھەرگىزمۇ كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. جۇڭگونىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، يەر شارىۋى تەسىر كۈچى سىجىل ئاشتى، ئامېرىكا يەر شارىۋى يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسماقچى بولدى.

غالى مۇنداق دېدى: ئامېرىكىنىڭ مۇشۇ يىللاردا ئافغانىستان، ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشى ھەممىگە ئايان، يېقىندىن بۇيان ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى ئېتىراز بىلدۈرۈش، كۈچ كۆرسىتىشمۇ ئۇنىڭ ئىرقىي كەمسىتىش ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئېچىپ تاشلايدىغان نۇرغۇن مىساللارنىڭ بىرى. «ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان ئۆز دۆلىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بىلەن ھېسابلاشماي، بەلكى نەچچە ئونمىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى شىنجاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەدبىرىگە قارىتا ئېغىزىغا كەلگەننى بىلجىرلاپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۆلىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان ئىشەنچىسىگە زەربە بەرمەكچى بولدى».

غالى مۇنداق بىلدۈردى: تېررورىزم، ئەسەبىزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، ئەسەبىزم ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەر توپىغا نىسبەتەن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسى قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش بويىچە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەتكە تېخىمۇ ياخشى سىڭىشىش، شەخسنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا بىردىن ماھارەت ئۆگىلەتتى، بۇ خىل ئۇسۇل نېگىرىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ تەھدىتى، ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان دۆلەتلەرنىڭ ئۆرنەك قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.

ئىلگىرى جۇڭگودا تۆت يىل ئوقۇغان، تۇرمۇش كەچۈرگەن غالىنىڭ ئېيتىشىچە، مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ جۇڭگودىكى مەزگىلىدە تولۇق دىنىي ئەركىنلىكنى ھېس قىلغان، ئۇ ئەينى يىلى ئوقۇغان مەكتەپنىڭ ئەتراپىدا بىر مەسچىت بولۇپ، ئۇ دىنىي پائالىيەتلەرگە ئەركىن قاتناشقان.

غالى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھەربىر دۆلەت ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان شەكىلدە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق، شىنجاڭنىڭ ئىشى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، جۇڭگو چەت دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويمايدۇ. جۇڭگو زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىشلىرىدا ئوچۇق ۋە ئۆزگە ئىشىنىدىغان پوزىتسىيەدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى نامايان قىلىپ، دۇنياغا جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەھەتتىكى ئەجايىپ ئۇسۇللىرىنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۆرنەك قىلىشى ۋە ئۆگىنىشىگە تامامەن ئەرزىيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

غالى مۇنداق قارىدى: ئامېرىكا سىياسىي ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ جۇڭگونى ئەيىبلەشنى سىياسىي دەسمايىگە ئېرىشىشتىكى بىر خىل سايلام رىقابىتى تاكتىكىسى قىلىۋېلىشى ئەمەلگە ئاشمايدۇ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ توسۇيالمايدۇ. «جۇڭگو رەھبىرى ئېيتقاندەك، جۇڭگو ئىقتىسادى بىر كىچىك كۆلچەك بولماستىن، بەلكى بىپايان دېڭىز. بوران - چاپقۇن كىچىك كۆلچەكنى تاشتۇرۇۋېتەلەيدۇ، بىراق دېڭىزنى تاشتۇرۇۋېتەلمەيدۇ. ئىشىنىمەنكى، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات يولىمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئاسانلىقچە تاشقى دۇنيانىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىمايدۇ».

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئابۇجا، 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 - بەتتە)

2019 - يىلى، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى توخۇ فېرمىسىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ھەر يىللىقىنى 30 مىڭ يۈەن باھادا ئابلىزغا ھۆددىگە بەردى، بۇنىڭ بىلەن كەنت كوللېكتىپنىڭ كىرىمى ئاشتى، يەنە باشقا نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئابلىزغا ياردەم قىلىپ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ئىلتىماس قىلىپ، كۆلىمى 25 مو كېلىدىغان، ئىككى توخۇخانىسى بار بولغان ئورماندا قارا توخۇ خاس باقمىچىلىق فېرمىسى قۇرۇپ، ئالتە نامرات ئاھالىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ تىرىشچانلىقىدا خوتەن شەھىرىدىكى نۇرغۇن ئاشخانا ۋە تىجارەتچى ئابلىز بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك مال بىلەن تەمىنلەش كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇ بىر يىلدا ئابلىز توخۇ فېرمىسىدىن 240 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلدى، ئۇمۇ كەنتتىكى بېيىش باشلامچىسىغا ئايلاندى.

گۆش كالىسى باقمىچىلىقى، تۇخۇم توخۇسى باقمىچىلىقى، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىش... كەنتتە ئابلىزغا ئوخشاش مۇشۇنداق بېيىش باشلامچىلىرى بارلىققا كەلدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ «مەن نامراتلىقتىن قۇتۇلىمەن» دەيدىغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشتى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋاقتىدا تۈزۈم ئورنىتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغاتتى.

2019 - يىلى، ئاقچىغ كەنتىنىڭ كەنت كوللېكتىپ كىرىمى 1 مىليون 126 مىڭ 500 يۈەنگە، كىشى بېشى ساپ كىرىمى 9884 يۈەنگە يەتتى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئابدۇسەمەت مەتتۇرسۇن چوڭقۇر ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ھازىر كەنت قىياپىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، نامرات كەنت دېگەن قالپاق ئېلىۋېتىلدى، بۇنىڭدا پارتىيەنىڭ نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش سىياسىتىگە رەھمەت ئېيتىمىز، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ چىن كۆڭلىدىن قىلغان ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىمىز».